# 9 - ماي - غالىبىيەت كۈنى


# يېڭى ھايات

Йеңи hаят

2000 - يىل 9 - ماي سېيشەنبە № 5 (4130)

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي گېزىت. 1970 - يىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ


## «يېڭى ھايات» پوچتىسىدىن

### ھەر كىمنى قايىل قىلدۇ

ھۆرمەتلىك «يېڭى ھايات»! بىز سۆيۈملۈك گېزىتىمىزنىڭ بىيىل مارت، ئاپرېل سانلىرىدا ئۇيغۇرشۇناس ئالىم دوكتور ماھىر موللاقىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «مېغىزى، شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ» سەرلەۋھەلىك چوڭ ھەجىملىك پۇبلىتسىستىك ماقالىسىنى ئوقۇپ ئىنتايىن تەسىرلەندۇق. چۈنكى مەزكۇر ماقالىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مەنىۋىي ئوقسانلار دادىل ئېچىپ بېرىلگەن ھەم بۇ ئوقسانلاردىن قۇتۇلۇش يولى تەكلىپ قىلىنغان.

بولۇپمۇ مىللىي روھىمىزنى ئاجىزلىتىپ، مىللەت سۈپىتىدە خاراب بولۇپ كېتىشكە سەۋەب بولىۋاتقان: ئەقىدىسىزلىك، ئىناقسىزلىق، يۇرتۋازلىق، ساتقۇنلۇق ۋە مۇناپىقلىق ئوخشاش ئىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مىللىتىمىزگە كەلتۈرىۋاتقان زىيانلىرى ھەققىدە ئېيتىلغان پىكىرلەر، كەلتۈرۈلگەن رەت قىلىپ بولمايدىغان فاكتلار ھەر كىمنى قايىل قىلدۇ ۋە خەلقىمىزنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇردۇ. كۈندىن - كۈنگە مەنىۋىي دۇنياسى قاشاقلىشىپ كېتىۋاتقان مىللىتىمىزگە موشۇنداق ھەقىقەتنى دادىل ئېيتىپ بېرىدىغان ماقالىلار كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن «يېڭى ھاياتنىڭ» نۆۋەتتىكى سانلىرىدا موشۇ ماقالىنىڭ داۋامى ھەم موشۇ خىلدىكى ماقالىلارنى داۋاملىق بېرىپ تۇرىشىڭلارنى ئۈمۈت قىلىمىز.

ئالمۇتا شەھرى درۇژبا مەھەللىسىدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ مۇخلىسلىرىدىن: ھۆسەنجان ھاسان، جامال ياقۇپوۋ، ئومەرجان ئايۇپ، يۈسۈپجان توختى، ئىسرائىل، ئابدۇجېلىل خالىلوۋ، ئاياز سابىتوۋ، ھۈسەيىن، ئابدۇساتتار، غوجاخمەت كالاشىيېۋ، ئوبۇلقاسىم، ئابلىمىت ئىمىن ۋە باشقىلار.

* * *

ئالىم ماھىر موللاقىنىڭ «مېغىزى، شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇۋېتىپ، كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىرى تۆكۈلدى. ھە، ئۆز ۋاقتىدىكى ئەڭ جەڭگاۋار، ئۈستۈن مەدەنىيەتلىك خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا چۈشۈپ قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆپ جەھەتتىن ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، تاشقىرىنىڭ، ياتلارنىڭ كۈش - كۈشلىشى، بېسىمى، زورلۇق - زومبىلىغى ۋە ھاكازىلار - بۇ ئۆز ئالدىغا. لېكىن ئىتتىپاقسىزلىق، يۇرتۋازلىق، نادانلىقنى ۋە بەزىلەردىكى خائىن - مۇناپىقلىق ئوخشاش ئىللەتلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە مۇنداق ھەم كۆپلىگەن باشقىمۇ ئىللەتلىرىمىزگە قاخشاتقۇچ زەربە بېرىشىمىز، ھەر بىرىمىزنىڭ كامچىلىقلىرىنى سەممىي تۈزىتىشكە ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم.

بىز ياش ئەۋلادىمىزنى توغرا يولدا تەربىيەلەپ، ئەڭ مۇھىمى قولىمىزدىن كېلىشىچە ئوقۇتۇپ كېلەچەكتە جەمىيەتكە يارامىلىق كادىرلاردىن، تېخنىك مۇتەخەسسىلەردىن يېتىشىپ چىقىشىغا زېمىن ھازىرلىشىمىز كېرەك. ئەكسى ھالدا تارىخ بىزنىڭ ئەيىبلىمىزنى كەچۈرمەيدۇ. ئالىم ماھىر موللاقىغا كۆزىمىزنى ئاچىدىغان موشۇنداق ماقالە يازغانلىقى ئۈچۈن چوڭ رەخمەت.

ئىسمائىل ئەنۋەرىي.
تارىخچى. ئالمۇتا.


مەرھەمەت خالىس ئىختىسادىي ياردەم قىلىشنى سۆيگۈچىلارغا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىز:

р/с 406467897 ТОО
"Висал" РНН600400099802
МФО 190501719,
код 719 АГФ ОАО
Банк "Центр Кредит"




ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ۋېتېرانلىرى ئالمۇتىدىكى 28 گۋاردىيەچى پانفىلوۋچىلار ئىستىراھەت بېغىدىكى شۆھرەت مېمورىيالى ئالدىدا.

پەيزۇللا ئەخمەت سۈرىتى.

## ئاسسوتسىاتسىيەنىڭ نۆۋەتتىكى كونفېرېنسىيەسى بولۇپ ئۆتتى

يېقىندا «بېنت» ئاكسونېرلىق جەمىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ئۆيىدە (ئالمۇتا شەھرىنىڭ يېنىدىكى قارىسۇ يېزىسى) سانائەتچىلەر، تجارەتچىلەر ۋە يېزا ئېگىلىكى خادىملىرى ئۇيغۇر ئاسسوتسىاتسىيەسىنىڭ نۆۋەتتىكى 3 - كونفېرېنسىيەسى بولۇپ ئۆتتى. كونفېرېنسىيەدە ئاسسوتسىاتسىيە پرېزىدېنتى دىلمۇرات قۇزىيېۋ «ئاسسوتسىاتسىيەنىڭ 1999 - يىلى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشلىرى ۋە 2000 - يىلدىكى ۋەزىپىلەر» دېگەن ماۋزۇدا، ئاسسوتسىاتسىيە تەپتىش كومىسسىيەسىنىڭ رەئىسى ئېلۋىرا قۇربانوۋا «تەپتىش كومىسسىيەسىنىڭ 1999 - يىلقى ھېساۋاتى» ماۋزۇسىدا ۋە ئاسسوتسىاتسىيەنىڭ ۋىتسې - پرېزىدېنتى ئەخمەتجان شاردىنوۋنىڭ «ئاسسوتسىاتسىيەنىڭ 2000 - يىلدىكى پائالىيەت پروگراممىسى» دېگەن دوكلادلىرى تىڭشالدى ۋە مۇھاكىمە قىلىنىندى.

كونفېرېنسىيەدە قارالغان مەسىلىلەر بويىچە تېگىشلىك قارار قوبۇل قىلىنىپ، ئاسسوتسىاتسىيەنىڭ 2000 - يىلغا بەلگۈلەنگەن پائالىيەت پروگراممىسى تەستىقلەندى.

شۇنداقلا كونفېرېنسىيەدە ئاسسوتسىاتسىيەنىڭ ئون بەش ئەزادىن ئىبارەت دىرېكتورلار كېڭىشىنىڭ يېڭى تەركىۋى سايلاندى.

(ئۆز مۇخبىرىمىز).

## مۇشتىرىلار دىققىتىگە!

ھۆرمەتلىك گېزىتخان! ئەگەر سىز «يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىغا موشۇ يىلنىڭ ئالتە ئېيىغىلا مۇشتىرى بولغان بولسىڭىز، كېيىنكى ئالتە ئايغا يېزىلىش يادىڭىزدىن چىقمىسۇن. ھازىردىن موشۇ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا مۇشتىرى توپلاش مەۋسۇمى ئۇمۇمىيۈزلۈك باشلاندى ۋە ئۇ 15 - ئىيۇنغىچە داۋام قىلىدۇ. گېزىتلارغا جاي - جايلاردىكى ئالاقە بۆلۈملىرىدە، «دائۇس» ئاكسونېرلىق جەمىيىتىنىڭ بارلىق شۆبىلىرىدە مۇشتىرى بولۇشقا بولىدۇ.

ئالمۇتا شەھرىدە ياشىغۇچىلار «يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىغا تەھرىراتتا (ئىپەك يولى كوچىسى، 50 - ئۆي، 8 - قەۋەت، 817 - بۆلمە) يېزىلالايدۇ.

«يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ ئالتە ئايغا يېزىلىش باھاسى - 241 - تەڭگە 08 تىيىن، ئىندېكسى - 65359.

«ئۇيغۇر ئاۋازىنىڭ» ئالتە ئايغا يېزىلىش باھاسى - 547 تەڭگە 62 تىيىن؛

«قازپاسپاسوز» ئاگېنتلىغى ئارقىلىق يېزىلغان تەقدىردە - 541 تەڭگە 02 تىيىن؛

ئالمۇتا شەھرىدىكىلەر ئۈچۈن - 515 تەڭگە 10 تىيىن، ئىندېكسى - 65357

## مەملىكەت ھاياتىدىكى چوڭ ۋاقە

26 - ۋە 27 - ئاپرېل كۈنلىرى ئالمۇتىدا «يېۋرازىيە - 2000» سامىتى بولۇپ ئۆتتى. «يېۋرازىيەنىڭ ئۈچىنچى مىڭ يىللىقتىكى ئورنى بىلەن رولى» ئاساسىي ماۋزۇلارنىڭ بىرى بولغان بۇ باش قوشۇش قازاقىستاننىڭ سىياسىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن چوڭ ۋاقەلەرنىڭ بىرى بولدى. بۇ شۇنداقلا قازاقىستان ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مەركىزىي ئاسىيە ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ۋاقە سۈپىتىدە قارالماقتا. چۈنكى بۇ ئۇچرىشىشقا مەركىزىي ئاسىيە، كاۋكاز، روسسىيە، يېقىن ۋە يىراق شەرىق، شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيە، ھىندىستان، خىتاي، ياپونىيەنىڭ دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، خەلقئارا مالىيە ۋە ئىختىسادىي تەشكىلاتلار، جۈملىدىن دۇنياۋىي ۋالىيۇتا فوندى بىلەن دۇنياۋىي بانك، مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ تاموژنا ئىتتىپاقى، مەركىزىي ئاسىيە ئىختىسادىي ھەمكارلىغى چوڭ رېگىوناللىق بانكلار، چەت ئەل شىركەتلىرى ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى ئىشتىراك قىلدى.

# يېڭى ھايات

Йеңи һаят

2000 ژىل 28 - ئۆكتەبر شەنبە №10 (4135)

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي گېزىت. 1970 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

ئۇچرىشىش



# مۇھىم مەسىلىگە بېغىشلاندى

ھازىرقى ھاياتىمىزنى ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىسىز پەرەز قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەر بىر ئادەم جەمىيەتىمىزدە، دۇنيادا قانداق ۋاقىئەلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا قىزىقىدۇ. شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى، ئىجتىمائىي ئاكتىپلىقى كۈندىلىك ھاياتىمىزنى ئەينە شۇ گېزىت - ژۇرناللارغا، رادىو - تېلېۋىدېنىيىگە مۇراجىئەت قىلىشقا تەبىئىي ھالدا ئۈندەيدۇ. ئىجتىمائىي جەريانلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، دۇنيانىڭ ھەر تۈرلۈك جايلىرىدا قىزىقارلىق ۋاقىئەلەرنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇشى مەتبۇئات ۋاستىلىرى تەسىرچانلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىللىي مەتبۇئاتىمىز جامائەتچىلىك پىكرىنىڭ مۇنبىرى بولماقتا.

يېقىندا «ئۇيغۇر ئاۋازى» تەھرىراتىدا كېلەر ژىلغا «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا مۇشتەرى توپلاش مەسىلىسىگە بېغىشلانغان ئۇچرىشىش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ژىكىت باشلىرى، گېزىتلىرىمىزنىڭ جانكۆيەرلىرى ئىشتىراك قىلدى.

ئۇچرىشىشنى «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئازاماتوۋ قىسقىچە كىرىش سۆز بىلەن ئېچىپ، ھەر ئىككى گېزىتنىڭ ئۆتكەن ژىل ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشلىرىغا، مىللىي مەتبۇئاتىمىزغا باغلىق ئەھۋالغا تەپسىلىي توختىلىپ، ئاندىن ژىكىت باشلىرى بىلەن گېزىتلىرىمىز ئاكتىۋىستلىرىنىڭ ھەر ژىلى مۇشتەرى توپلاش ئىشىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ قېتىم 2001 - ژىلغا مۇشتەرى توپلاش ئىشىغىمۇ پائال ئىشتىراك قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. باش مۇھەررىر ژىكىت باشلىرى ۋە گېزىتلىرىمىز ئاكتىۋىستلىرىغا مۇشتەرى توپلاش كامپانىيەسىنى بۇ قېتىممۇ ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈش، شۇنداقلا گېزىتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك، مەزمۇنلۇق چىقىشى ئۈچۈن ئۆز پىكىر - تەكلىپلىرى بىلەن ئورتاقلىشىشقا چاقىردى.

ئاندىن سۆزگە چىققان تالغىر ناھىيەسى بېساغاچ يېزىسىدىكى گېزىتلىرىمىز جانكۆيەرى دۆلەت غوجامبەردىيېۋ «يېڭى ھايات»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىنىڭ 2001 - ژىلىمۇ ئۆز يۇرتىدا كەڭ دائىرىدە تارقىلىشىغا بارلىق كۈچ - غەيرىتىنى سەرىپ قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ژۇرنالىستلارغا گېزىتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ قىزىقارلىق چىقىشى ئۈچۈن ئۈستۈن تەلەپ قويۇلۇشى لازىملىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

ئالمۇتا ۋىلايىتى تالغىر ناھىيەسى بېساغاچ مەھەللىسىنىڭ ژىكىت بېشى ھۆسەيىن ئىلياس «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ بىر نەچچە سانىدا بېرىلگەن ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ماھىر موللاتىنىڭ «مېغىزى، شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ» سەرلەۋھەلىك كۆلەملىك ئىلمىي ئەمگەك ئۈستىدە ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ، خەلقىمىز مەنپىيەتدار ماقالىلارنىڭ «ئۇيغۇر ئاۋازىدىمۇ» بېرىلىشى ئەينى مۇددىيا بولىدىغانلىقىنى، مۇنداق ماتېرىياللار ياش ئەۋلادنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك روھىدا تەربىيەلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

ئۇچرىشىشتا شۇنداقلا تاشلاق مەھەللىسىنىڭ ژىكىت بېشى ئىلمىئەكبەر قۇربانوۋ، سۇلتانقورغان مەسچىتى دىنىي باشقارمىسىنىڭ رەئىسى نىزامىدۇن گەرايېۋ، كوكتوبە مەھەللىسىنىڭ ژىكىت بېشى سەيدۇللام مېدېنوۋ، كازنوروش مەھەللىسى ئاياللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى گۈلى ھۈسەنوۋا، تۆزدە باستاۋ يېزىسى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئىسساق ئىلياس، ئالمۇتا شەھىرىدىكى گېزىتلىرىمىز ئاكتىۋىستلىرى ئاۋاكرى ھاجىم، ئەركىن جەلىلوۋ، تارىخچى قاسىم مەسىمى، ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى توختاسۇن بېيشانوۋ ئۆزلىرى ۋەكىل بولۇپ كەلگەن مەھەللىلەردىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ گېزىتلىرىمىزغا تولۇق مۇشتەرى بولۇشى ئۈچۈن بارلىق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ئاخىرىدا باش مۇھەررىر ئۇچرىشىش ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كۆپلىگەن سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى.

يادىكار سابىتى.



## سىز «يېڭى ھاياتقا» مۇشتەرى بولدىڭىزمۇ؟

ھۆرمەتلىك گېزىتخان! ئەگەر سىز:

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدە مانا ئوتتۇز ژىلدىن بۇيان ئەرەپ گرافىكىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، يەنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز، ئەجداتلىرىمىز قوللانغان يېزىقتا نەشر قىلىنىۋاتقان «يېڭى ھاياتنىڭ» تۇراقلىق دوستى ۋە خالىس مۇخلىسى بولۇپ قېلىشنى خالىسىڭىز؛

قازاقستان ۋە باشقا م د ھ ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ھاياتى، بۇ ئەللەردىكى ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋە ئىختىسادىي ئەھۋال توغرىلىق خەۋەردار بولۇشنى خالىسىڭىز؛

ژىراق چەت ئەللەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتى، شۇنداقلا ۋەتەن داۋاسىنى خەلق ئارا مەيدانغا چىقىرىش يولىدا جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە بىلىشنى خالىسىڭىز؛

خەلقىمىزنىڭ قەھرىمانلىققا ۋە شۇنداقلا پاجىئەلەرگە تولۇپ تاشقان تارىخى، قەدىمىي باي مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشۇشنى خالىسىڭىز؛

قىسقىسى، مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىگىگە بىپەرۋا بولمىسىڭىز 2001 - ژىلغا «يېڭى ھاياتقا» مۇشتەرى بولۇشنى ئۇنتۇماڭ.

كازپوچتا ئاكسىونېرلىق جەمىيىتى بويىچە يېزىلغاندا:

جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە «يېڭى ھاياتنىڭ» (ئىندېكسى 65359) ژىللىق يېزىلىش باھاسى - 451 تەڭگە 80 تىيىن.

ئالمۇتا شەھىرىدە 439 تەڭگە 32 تىيىن.

كازپاسپوز ئاگېنتلىقى بويىچە جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە - 453 تەڭگە؛ ئالمۇتا شەھىرىدە 438 تەڭگە.

مەرھەمەت خالىس ئىختىسادىي ياردەم قولىنى سۇنغۇچىلارغا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىز:

р/с 406467897 ТОО "Висал" РНН600400099802
МФО 190501719, код719 АГФ ОАО Банк"Центр Кредит"

